# شى جىنپىڭ ئىران زۇڭتۇڭى روھانىي بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار **لىيۇ چاڭ، جېڭ شياۋبى**) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىشكەكتە ئىران زۇڭتۇڭى روھانىي بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇلتۇر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى چىڭداۋ باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن جۇڭگو - ئىران مۇناسىۋىتى ھەم ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان رايون ۋە خەلقئارا مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدۇق. جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىن جۇڭگو - ئىران مۇناسىۋىتىگە مۇئامىلە قىلىدۇ. مەيلى خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، جۇڭگو تەرەپ ئىران تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - ئىران ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللىشى كېرەك. ماسلاشتۇرۇش، ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى پۇختا قانات يايدۇرۇشى كېرەك. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، دۆلەت ھالقىغان جىنايەتكە زەربە بېرىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈچ خىل كۈچ»كە ئورتاق زەربە بېرىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇمىي كېلىشىمىنى قوللايدۇ، قوغدايدۇ، ئىران تەرەپ بىلەن بىللە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدىكى ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانى ۋە كۆپ تەرەپچىلىكنى ئورتاق قوغداپ، جۇڭگو، ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

روھانىي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىران - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىككە ئىگە. ئىران تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم بۇ مۇناسىۋەتنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىشنى خالايدۇ. ئىران تەرەپ ئامېرىكىنىڭ ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇمىي كېلىشىمىدىن يەككە تەرەپلىك چېكىنىپ چىقىشتەك خاتا قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىشلاردا جارى قىلدۇرغان ئىجابىي رولىغا ئاكتىپ باھا بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكو بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار گۇەن جيەنۋۇ، لى جىخۇي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىشكەكتە بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكو بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچراشتىم، بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو - بېلارۇسىيەنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى بېلارۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى داۋاملىق بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ياخشى قىلىپ، جۇڭگو - بېلارۇسىيە سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق ياخشى شارائىت يارىتىپ، مۇھىم، زور تۈرلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىدە ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو - بېلارۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

لۇكاشېنكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بېلارۇسىيە - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردۇر، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا قوللايدۇ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول. بېلارۇسىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قايىل، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پائال قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىقتىساد - سودا، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكا، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردە زىچ ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو - بېلارۇسىيە سانائەت باغچىسىنى ئورتاق ياخشى قۇرۇشنى خالايدۇ. بېلارۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار خۇاڭيىن جيازى، جياڭ گوپېڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىشكەكتە پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن سەككىز ئايدا، مەن ۋە زۇڭلى ئەپەندى ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۇق. بۇ، جۇڭگو - پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتىدە، جۇڭگو بىلەن پاكىستان تېخىمۇ زىچ ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ زىچ جۇڭگو - پاكىستان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز جۇڭگو - پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋا رايىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى ياخشى قوغدىشىمىز، ياخشى مۇستەھكەملىشىمىز، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككى تەرەپ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە چوڭقۇر ئالاقىلىشىپ، خەلقئارا ۋە رايون خەۋپسىزلىكى ھەم مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. كەسپلەر باغچە رايونى، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي خەلق تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى يېڭى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشى، تولۇقلىشى كېرەك. جۇڭگو - پاكىستان ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ئىككى تەرەپ سودىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پاكىستاننى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. بىز پاكىستاننىڭ دۆلەت تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەت پىلانىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى قوللايمىز، پاكىستان تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىشنى خالايمىز. جۇڭگو تەرەپ پاكىستان بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشىنى قوللايدۇ.

ئىمران خان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو پاكىستاننىڭ پۈتۈن ھاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بەرگەن قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ۋە رايون تىنچلىقى، خەۋپسىزلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ، جۇڭگو بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ. پاكىستان تەرەپ جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ خەۋپسىزلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ سەممىي يولغا قويۇپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتايلى

### —— شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، بىشكەك)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

**ھۆرمەتلىك جېنبېكوۋ زۇڭتۇڭ،**

**ھۆرمەتلىك خىزمەتداشلار:**

گۈزەل بىشكەككە كېلىپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشالىغىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. ساھىبخانا دۆلەت قىرغىزىستاننىڭ بۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلغانلىقىغا ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. قىرغىزىستان تەرەپ بۇلتۇر 6 - ئايدا نۆۋەتچى رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن بۇيان، تەشكىلاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

چىڭداۋ باشلىقلار يىغىنىدىن بۇيان، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. جۇڭگو تەرەپ باشلىقلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىيات قارىشى، خەۋپسىزلىك قارىشى، ھەمكارلىق قارىشى، مەدەنىيلىك قارىشى، يەر شارنى ئىدارە قىلىش قارىشى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىق ئىدىيەسىنى بېيىتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. ئەزا دۆلەتلەر «شاڭخەي روھى»نى يېتەكچى قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، پۇختىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت كۈچلۈك داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. «ھوسۇل ئالماقچى بولغانلار ۋاقىتقا قارار، ئىدارە قىلماقچى بولغانلار ۋەزىيەتكە باقار». بىز دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش چوڭ يۈزلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، «شاڭخەي روھى»دىن ئەقىل - پاراسەت قېزىپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن كۈچكە ئېرىشىپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ بولغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، بىز شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئىتتىپاقلىشىش - ئۆزئارا ئىشىنىشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى كۈچلۈك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، رايوننىڭ خەۋپسىزلىكى - مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى - گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئىجابىي كۈچكە ئايلاندى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب باشتىن - ئاخىر «شاڭخەي روھى»غا ئەمەل قىلىپ، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەنلىكتە. بىز شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئورتاق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى ئۈزلۈكسىز توپلىشىمىز كېرەك.

«شاڭخەي روھى»نى بۇ تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئورتاق ئىدىيەسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەم ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەشكىلاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇنىڭغا يېڭى بولغان دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنى قوشۇش كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسىدە بېكىتىلگەن ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا قوللاشنى زورايتىپ، مەنپەئەت قوشۇلۇش نۇقتىسىنى كېڭەيتىپ، ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، بىز شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئامانلىق ۋە خەۋپ - خەتەرنى ئورتاق زىممىگە ئېلىشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ئورتاق خەۋپسىزلىك تەقدىرىنى كۆزلەپ، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ خەۋپسىزلىك، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر، تېررورىزم، ئەسەبىزم قاتارلىق كەسكىن تەھدىتلەرگە قارىتا، ھەرقايسى تەرەپلەر كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇشى زۆرۈر.

ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپسىزلىك جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ قانۇن ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلاردىن ھەمبەھىرلىنىش، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، توردا قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، بىخەتەرلىك توسۇقىنى پۇختىلاپ، تېررورچىلار، ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەسەبىزىمغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش كېرەك. ئافغانىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن قوشنا، شۇنداقلا يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم كۆزەتكۈچى ئەزا دۆلىتى. بىز ئىزچىل تۈردە ئافغانىستان ۋەزىيىتىگە يۈكسەك دىققەت قىلىپ كەلدۇق، ئافغانىستان خەلقى ئۇچرىغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېنىق بىلىمىز. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «ئافغانىستانلىقلار يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئافغانىستانلىقلارغا تەۋە بولغان» ئافغانىستان تىنچ يارىشىش مۇساپىسىنى قەتئىي قوللاپ، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى — ئافغانىستان ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى»نىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئافغانىستاندا تىنچلىق، يارىشىش، مۇقىملىق، تەرەققىياتنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقى، قايتا قۇرۇش ئىشلىرىنى چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، بىز شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ رايون ئومۇمىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادتا ئىگىلىگەن نىسبىتى پۇختا قەدەم بىلەن مۇقىم ئېشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇ رايون بايلىق ئەۋزەللىكى مول بولۇش، بازار كۆلىمى غايەت زور بولۇش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىي كۈچى باي بولۇش قاتارلىق تەڭداشسىز ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە بولۇپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك، ھەمكارلىق ئىستىقبالى كەڭ. بىز ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، رايونلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداش، ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق ھەمكارلىشىش، ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ ئېچىۋېتىلىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ھەم ياۋروپا - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى قاتارلىق رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسى بىلەن چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ئارا خەلقئارا يول ترانسپورتىنى قولايلاشتۇرۇش كېلىشىمى بىرلەشمە كومىتېتى قاتارلىق مېخانىزملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆمۈريول، تاشيول، نېفىت - تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى قاتارلىقلارنى تۇتاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە ئۆزئارا ئالاقە راۋانلاشقان ئەندىزىنى كۈچەپ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە، بىشكەك)

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشى يىغىنى قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى.

ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى مودى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى توقايېۋ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ، قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى جېنبېكوۋ، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى ئىمران خان، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پۇتىن، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى راخمان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى مىرزىيويېۋ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى جېنبېكوۋ رىياسەتچىلىك قىلدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى نوروۋ، رايون تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گىئوسوۋ يىغىنغا قاتناشتى.

ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى غەنى، بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكو، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى روھانىي، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دىكارو، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى خالكوۋ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى لېبېدېۋ، كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەققەت باش كاتىپى شېمبېرىكوۋ، ياۋروپا - ئاسىيا ئىقتىساد كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى سارگسيان يىغىنغا قاتناشتى.

ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى 2018 - يىل چىڭداۋ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىكى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەرەققىياتىنىڭ باش ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىردەك مەيدانى «بىشكەك خىتابنامىسى»دە گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئەزا دۆلەتلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ۋە ئىجابىي كۆپ تەرەپ ھەمكارلىق مېخانىزمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىنىش، سۆزلىشىشنى كۈچەيتىش، باراۋەر ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشتىكى مۇقىم سۇپىغا ئايلانغانلىقىنى، خەلقئارا قانۇن ئاساسىدا، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىش ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئورتاق ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشقا كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)